UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

12.01.2021 – 21.01.2021

تەييارلىغۇچىلار : م. تەڭرىقۇت
: نىجات تۇرغۇن
: مەمەتئېلى مەمەتئىمىن
: نىجات مەمەت
: مەلىكەزادە

تەھرىرلەر : ئابدۇرەھىم دۆلەت
: ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن
: پاسىبان

15 - سان
21/01/2021

https://www.uysi.org/ug/

## ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋەتلىرى
## ھەپتىلىك تەرەققىياتى، ئانالىز ۋە تەۋسىيەلەر
## (19.01.2021 — 12.01.2021)
**تەييارلىغۇچى : م. تەڭرىقۇت**

ترامپ ھۆكۈمىتى ۋەزىپە مۇددىتى توشۇشقا بىر ھەپتە قالغاندىمۇ خىتايغا قارشى قاتتىق مەيدانىنى داۋاملاشتۇردى. مايك پومپېيو پەيشەنبە كۈنى خىتاينىڭ جەنۇبىي دېڭىزدىكى ھەرىكەتلىرىگە قارىتا جازالاش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. خىتاينى خەلقئارا سۇ يولىنىڭ راۋانلىقىغا تەسىر يەتكۈزگەنلىك بىلەن ئەيىبلىگەن پومپېيو خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان رەھبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ساياھەت ئېمبارگوسى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.[1]

CFR (Council on Foreign Relations) تەتقىقات مەركىزى 14 ـ يانۋار كۈنى 2021 ـ يىلىدا ئامېرىكاغا مۇناسىۋەتلىك بولغان دۇنيادىكى ئاساسلىق توقۇنۇش مەركەزلىرىنى ئېلان قىلغان. ئۇلار توقۇنۇش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولغان بۇ رايونلارنى يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ۋە يۈز بەرگەندىن كېيىنكى تەسىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۈچ دەرىجىگە ئايرىغان. بۇ دوكلاتتا ئاساسلانغاندا:

[1]Mathew Lee, “US imposes new sanction on Beijing over South China Sea”, AP, 14.01.2021. https://apnews.com/article/joe-biden-beijing-south-china-sea-coronavirus-pandemic-china-01a64686a1b-740b919af7b9d32d1c295


1. چاۋشيەننىڭ يادرو قورال سىناق قىلىشى پۈتۈن توقۇنۇشلارنىڭ ئىچىدە 1 ـ ئورۇندا تۇرغان. چاۋشيەننىڭ يادرو قورال تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئامېرىكىنىڭ مۇھىم ئەسلىھەلىرىگە ئېلىپ بېرىلغان تور ھۇجۇملىرى 2019 ـ يىلى 2020 ـ يىلىدىمۇ ئامېرىكاغا نىسبەتەن ئەڭ چوڭ تەھدىت دەپ قارالغان ئىدى.
2. تەيۋەننى مەركەز قىلغان خىتاي ۋە ئامېرىكا توقۇنۇشى تۈنجى قېتىم 1 ـ دەرىجىلىك توقۇنۇش كاتېگورىيەسىگە كىرگەن . لېكىن جەنۇبىي دېڭىزدىكى توقۇنۇشنىڭ 2020 ـ يىلىدىكى قارىغاندا سەل پەسكويغا چۈشىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنغان.
3. بۇنىڭدىن باشقا ئافغانىستانمۇ 1 ـ دەرىجىلىك توقۇنۇش رايونىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ئاساسلىق سەۋەبى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ۋە سىياسىي داۋالغۇش دەپ قارالغان ۋە نەتىجىدە تىنچلىقنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى كېلىپ چىقىدىكەن. يەنە بۇلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئېھتىماللىقى يۇقىرى دەپ قارالغان.
4. سۈرىيە
5. ۋېنېزۇئېلا ـ ئىقتىسادنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە سىياسىي داۋالغۇش زوراۋانلىق ۋە كۆچمەن دولقۇننى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن دەپ قارالغان. ئېھتىماللىق دەرىجىسى ـ يۇقىرى

بۇنىڭدىن باشقا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى نىسبەتەن يۇقىرى، لېكىن تەسىر دائىرىسى يۇقىرى بولغان توقۇنۇش رايونلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. خىتايمۇ تەيۋەنگە قاراتقان ھەددىدىن ئاشقان سىياسىي ۋە ئىقتىسادى بېسىمى ئامېرىكا خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئېغىر كىرزىسنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2. ئىراننىڭ رايونلۇق توقۇنۇشقا ئارىلىششى ۋە قورallىق گۇرۇپپىلارنى قوللىشىغا قارشى ئىران بىلەن ئامېرىكا ياكى ئامېرىكانىڭ بىر ئىتتىپاقدىشى ئوتتۇرىسىدىكى قورallىق توقۇنۇش
3. ئامېرىكانىڭ مۇھىم ئەسلىھەلىرىگە قارىتىلغان تور ھۇجۇمى
4. رۇسىيەنىڭ ناتو ياكى ناتو ئەزالىرىغا تەھدىت سېلىشى
5. ئامېرىكاغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان تېررورلۇق ھۇجۇمى

تۆۋەندىكى خەرىتىدە توقۇنۇشلارنىڭ دەرىجىسى ۋە رايونلار كۆرسىتىلگەن.[2]




تەيۋەن تەرەپنىڭ قارىشىچە، خىتاي تەرەپ ئامېرىكا بىلەن تالىباننىڭ يارىششى ۋە ئامېرىكانىڭ تېزلا ئافغانىستاندىن قوشۇن چېكىندۈرۈشىنى ئامېرىكانىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىخەتەرلىكىگە تەھدىت شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن قۇرغان بىر قىلتاق دەپ قارايدىكەن شۇنداقلا ئافغانىستاندا كەڭ كۆلەملىك ئىستىخبارات تورى بەرپا قىلماي تۇرۇپ بۇ قىلتاقتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ دەپ ئويلايدىكەن.

[2]Paul B. Stares, “ Conflicts to Watch in 2021”, Council on Foreign Relations, 14.01.2021 https://www.cfr.org/report/conflicts-watch-2021

تەيۋەنلىك پىروفېسسور ،ئوتتۇرا ئاسىيا تاشقى سىياسىتى ۋە تېررورىزم مۇتەخەسسىسى شى چيەنيۈ بۇ ھەقتە« خىتاي ئافغانىستاننى تەھدىت دەپ قارايدۇ» دېگەن ماۋزۇدا بىر ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تۆۋەندىكىچە:

ئافغانىستان دۆلەت بىخەتەرلىك مەجلىسى رەئىسى ئەھمەد زىيا ساراج خىتاي ئىستىخبارات شايكىسىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ناھايىتى سەزگۈر مەسىلە بولغاچقا تەپسىلاتىنى ئاشكارىلىيالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. قىزىقارلىق بولغىنى، خىتاي تەرەپتىن خۇا چۇنيىڭ بولسا 2021 - يىلى يېقىندىلا بۇ ھەقتە سورالغان سوئالغا بۇ ھەقتە بىر نەرسە ئاڭلىمىغانلىقىنى، ئافغانىستان بىلەن خىتاينىڭ ناھايىتى دوستانە ئىككى دۆلەت ئىكەنلىكى ۋە ھېلىھەم ناھايىتى ياخشى داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلىگەن. ئافغانىستان قولغا ئالغان خىتاي جاسۇسلىرى 13 كىشى بولۇپ ئۇلار رېستوران ئاچقۇچى، دوختۇر، گىلەم ساتقۇچى، قۇرلۇش ئىشچىسى ۋە ناۋاي سىياقىدا ھەرىكەت قىلغان.

پاكىستان بىلەن خىتاينىڭ ئىستىخبارات ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا خىتاينىڭ جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا ئىشەنچلىك ئىستىخبارات تورى مەۋجۇت ئەمەس. خىتاينىڭ بۇ خىل ئاجىزلىقى ئۇنىڭ ئافغانىستاندىكى ئۇيغۇر مىللىتانلار ۋە ئەتراپىدىكى رايونلار ھەققىدىكى ئەندىشىسىنى كۈچەيتكەن. شۇڭا خىتاي ئامېرىكانى قەستەن قوشۇن چېكىندۈرۈپ ئافغانىستاندا ئۇيغۇر قوراللىق قىسىملار ئۈچۈن مۇھىت ھازىرلاپ خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى كېڭىيىشىنى چەكلىمەكچى دەپ قارىشىنىڭ ئېھتىماللىقى يۇقىرى ئىكەن.

ختاي بۇنداق بىر ئېھتىماللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر پىلانى بولۇپ ئافغانىستان ، پاكىستان، تاجىكىستان ۋە ختاي ئارىسىدا تۆت تەرەپلىك ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تېررورلۇققا قارشى ھەمكارلىق ئورنىتىش. ختاي بۇنىڭ ئۈچۈن 2019 ـ يىلى پاكىستاننىڭ ياردىمى ئاستىدا كەلگۈسىدىكى ھەمكارلىققا ئۇل سېلىش مەقسىتىدە تالىبان بىلەن كۆرۈشكەن. كۆرۈشۈشتە ختاي تەرەپ تالىباندىن ئۇيغۇر مىلىتانلارنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشىغا يول قويماسلىقى ۋە بۇنداق بولغاندا ختاينىڭ تالىباننىڭ قايتىدىن ئافغانىستاندىكى سىياسىي رولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن شۇنى بىلىش كېرەككى، تالىبان بۇرۇندىن تارتىپ ئۇيغۇر مىلىتانلارنى قوللاپ كەلگەن. شۇڭا ختاي تالىباننىڭ تەسىر كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ختايغا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمايدۇ. ختاينىڭ يەنە بىر باش ئاغرىقى بولسا ئۆزبېك مارشال، بۇرۇنقى ئافغانىستان مۇئاۋىن پرېزىدېنتى دوستۇم دىن ئىبارەت. ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى رايونىدا يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر قوراللىق گۇرۇپپا بار[3].

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋۇخەن ۋىرۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە يېڭى بىر باياناتى ئېلان قىلغان. 15 ـ يانۋار ئېلان قىلىنغان بۇ باياناتتا ختاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ راست گەپ قىلماسلىقى ۋە ھەممە نەرسىنى سىر تۇتۇشىنىڭ بەدىلىنى ختاي خەلقى ۋە دۇنيانىڭ تۆلەۋاتقانلىقى، ۋىرۇسىنىڭ 2 مىليون كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا ۋىرۇسنىڭ مەنبەسى ھەققىدە نۇرغۇن گۇمانلىق نۇقتىلارنىڭ بارلىقى كۆرسىتىلگەن. باياناتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا ھازىرغىچە ئىگىلەنگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا گۇمانلىق نۇقتىلار تۆۋەندىكىدەك :

[3]Chienyu Shih, “ The Uyghur factor: China perceives Afghanistan as a threat”, Sunday Guardian Live, 16,01,2021 https://www.sundayguardianlive.com/news/uyghur-factor-china-perceives-afghanistan-threat

A: ۋۇخەن ۋىرۇس تەتقىقات مەركىزىدىكى كېسەل تەتقىقاتچىلار.

1. 2019 ـ يىلى كۈز پەسلىدە، يەنى ۋىرۇس بايقىلىشتىن بۇرۇن، ۋۇخەن ۋىرۇس تەتقىقات مەركىزىدىكى بىر قانچە تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەم پەسىللىك كېسەللىك ھەم COIVID ـ 19 نىڭ ئالامەتلىرىگە ئوخشايدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى مەلۇم. بۇ مەزكۇر ۋىرۇس تەتقىقات مەركىزىدىكى باش تەتقىقاتچى شى جىڭلى نىڭ «تەتقىقات مەركىزىدىكى تەتقىقاتچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېچقانداق بىرى ۋىرۇس ئالامىتى يوق» دېگەن باياناتىغا زىت.
2. خىتاينىڭ تەتقىقات مەركەزلىرىدىن ۋىرۇس چىقىپ كېتىش ۋەقەسى بۇرۇنمۇ بىر نەچچە قېتىم تۈز بەرگەن. مەسىلەن 2004 ـ يىلىدىكى بېيجىڭدا 9 كىشىنىڭ يۇقۇملىنىشى ۋە بىر كىشى ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سارسمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.
3. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى تەتقىقاتچىلار، مۇخبىرلار ۋە خەلقئارالىق تېببىي خادىملارنى ۋۇخەن ۋىرۇس تەتقىقات مەركىزىدىكى كېسەل بولۇپ قالغان تەتقىقاتچىلار بىلەن كۆرۈشكىلى قويمايۋاتىدۇ.

B: ۋۇخەن ۋىرۇس مەركىزىدىكى تەتقىقات

1. بۇ تەتقىقات مەركىزى 2016 ـ يىلىدىن باشلاپ شەپەرەڭ ۋىرۇسى قاتارلىق ۋىرۇسلارنى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولغان. بۇ يەر 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ تاجىسىمان ۋىرۇسنىڭ خەلقئارادىكى قىزىق نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالغان .
2. مەزكۇر ئورگان COVID ـ 19 ۋە RaTG13 قاتارلىق نۇرغۇن

ۋىرۇس تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى مەلۇم، لېكىن ھېچبىرىنىڭ تەتقىقات جەريانى توغرۇلۇق دوكلات ياكى خەۋەر ئاشكارىلانمىغان .

3. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى چوقۇم بۇ ۋىرۇس تەتقىقات مەركىزىنىڭ 2019 - يىلىدىن بۇرۇنقى شەپەرەڭ ۋە باشقا تاجسىمان ۋىرۇس تەتقىقاتلىرىنىڭ پۈتۈن جەريانلىرىغا ئېرىششى لازىم. ئۇلار چوقۇم نېمە ئۈچۈن RaTG13 ۋە باشقا ۋىرۇسلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى توردىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغانلىقىنىڭ جاۋابىنى بېرىشى لازىم.

C: ۋۇخەن ۋىرۇس تەتقىقات مەركىزىدىكى مەخپىي ھەربىي ھەرىكەتلەر

1. خىتاي گەرچە بىيولوگىيەلىك قوراللارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە قارشى تۇرۇش شەرتنامىسىنىڭ ئەزاسى بولسىمۇ، ئامېرىكانىڭ يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ بۇ تۈردىكى قورال تەتقىقاتىغا بولغان ئەندىشىسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن بولسىمۇ، خىتاي بۇ خىزمەتلىرىنى ھەم بىلدۈرمىگەن ھەم ئىنكار قىلمىغان.
2. مەزكۇر ئورگان گەرچە ئۆزىنى ئاممىۋى تەتقىقات مەركىزى دەپ كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا بۇ يەرنىڭ ھېچبولمىغاندا 2017 - يىلىدىن باشلاپ خىتاي ھەربىي قىسمى بىلەن بىرلىكتە مەخپىي تەتقىقات تۈرلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقىغا جەزم قىلىدۇ.
3. ۋۇخەن ۋۇرۇس تەتقىقات مەركىزىدىكى ئاممىۋى تەتقىقات ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلغان ئامېرىكا ۋە باشقا مەبلەغ ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ پۇللىرىنىڭ بۇ تەتقىقات مەركىزىدىكى خىتاي ھەربىي تەرەپنىڭ مەخپىي تۈرلىرى تەتقىقاتى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىۋاتامدۇ يوق، بۇنى بىلىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى يەنە بۇ ئاشكارىلانغانلارنىڭ ۋۇخەن ۋىرۇسنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى يوشۇرۇن ئۇچۇرلارنىڭ كۆرۈنگەن يۈزى ئىكەنلىكىنى ، ئامېرىكىنىڭ بارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ۋىرۇسنىڭ مەنبەسى، ئەۋرىشكىسى ۋە ئۆسكۈنلىرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈشلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇشنى تەلەپ قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.[4]

16 ـ يانۋار ئامېرىكا دىنىي ئەركىنلىك كۈنىدە مايك پومپېيو ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ تىۋىتتېر ئېتىپ ، دىنىي ئەركىنلىكنى قوغداش ۋە كۈچەيتىشنىڭ بىر دۆلەتنىڭ شەرىپى ۋە تەرەققىيات ئاساسى ئىكەنلىكى لېكىن خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقى ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكى ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئامېرىكاغا ئاللىبۇرۇن ھەققى تەھدىت شەكىللەندۈرۈپ بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ يەنە ئۆتكەن 50 يىلدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ دىنىي باستۇرۇش سىياسىتىگە سۈكۈت قىلغانلىقى، كۆرمەسكە سالغانلىقى ۋە بۇ ھەقتىكى تەھدىتلىرىگە باش ئەگكەنلىكى، لېكىن ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ كېلىشى بىلەن بۇ سۈكۈتنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقىنى بايان قىلغان.[5]

بۇنىڭدىن سىرت پومپېيو يەنە «ئامېرىكا دۇنياغا باشلامچىلىق قىلىپ قىلىپ خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى رايوندىكى قورقۇنچلۇق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى دۇنياغا ئاشكارىلىدى، بۇنىڭغا چېتىشلىق بولغان خىتاي كوممۇنىست ئەمەلدارلىرىنى جازالىدى» دېگەن. پومپېيو يەنە ئامېرىكانىڭ

[4]Office of the Spokesperson, “ Fact Sheet, Activity at the Wuhan Institute of Virology”, US DEPARTMENT of STATE, 15.01.2021 https://www.state.gov/fact-sheet-activity-at-the-wuhan-institute-of-virology/

[5] “宗教日蓬佩奥批中共暴政 CECC指中共种族灭绝”，新唐人电视台,18.01.2021. https://www.ntdtv.com/gb/2021/01/17/a103034267.html

ئۇيغۇر مەسلىسىنى مۇھىم مەسىلە قىلىپ ئېلىپ چىققانلىقىنى، ئۇيغۇرلارغا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن يوق قىلىنغان ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن مەيدان ھازىرلاپ بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[6]

يېقىندا خىتاينىڭ خەلقئارالىق ئىنگلىزچە تەشۋىقات قانىلى بولغان CGTN دە ئىسلامئاباد سىياسىي تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىسى، پاكىستانلىق ھەمزە رىفات ھۈسەيىن Hamzah Rifaat Hussain يازغان بىر ماقالە ئېلان قىلىنغان. ماقالىنىڭ ماۋزۇسى « نېمە ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى بايانلىرى رەت قىلىندۇ؟» بولۇپ، ئۇ ماقالىسىدە ئامېرىكانىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان زۇلۇمنى تىلغا ئېلىش مەقسىتىنىڭ خىتاينى قارىلاش ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مەزكۇر ماقالە ستىتۇن خاۋكىنىڭ « بىلىمنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئۇچۇرنىڭ كەمچىل بولۇشى ئەمەس بەلكى ئۇچۇرنىڭ خاتا بايان قىلىنىشىدۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزى بىلەن باشلانغان. ئۇ ئامېرىكانىڭ يېقىندا ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئېلان قىلغان دوكلاتىدىكى « ئىرقىي قىرغىنلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىق ئېھتىمالى بار» دېگەن گېپىنى ئىسپاتسىز گەپ قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ۋە ھەر خىل ئىزاھلىغىلى بولىدىغان بايانات دەپ ئاتىغان. مايك پومپېيونىڭ گەپلىرىنىمۇ جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ئۇيغۇر مەسلىسىنى سىياسىيلاشتۇرۇۋالغانلىقى دەپ يازغان.

رىفات ھۈسەيىن يەنە ئامېرىكانىڭ بۇ خىل بايانلىرىنىڭ تەسىرىدە بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇرلارنى رادىكاللىق ئىدىيەلىرىدىن ئازاد قىلىپ ، خىتاي جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تىل ۋە

[6]Mansoor, " US led the world in exposing 'horrific' abuses in Xinjiang, says Pompeo", The Siasat Daily, 17.01.2021 https://www.siasat.com/us-led-the-world-in-exposing-horrific-abuses-in-xinjiang-says-pompeo-2069431/

تېخنىكا تەرىبىيەلەش ئۇسۇلىنىڭ خىتايغا قارشى لوبېيچىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. پاكىستانلىق تەتقىقاتچى يەنە 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇن دۇنيادا خىتاينىڭ بۇ خىل پىروگراممىسىغا ئوخشاش رادىكال ئىسلامغا قارشى پىروگراما كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئامېرىكا بۇنىڭ قاتتىق بەدىلىنى تۆلىگەن دەپ قارىغان. ئۇ يەنە ئامېرىكا ئاق تەنلىك ئاشقۇن تېررورىزمىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن 2021 ـ يىلىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قوللانغان پىروگراممىسىنىڭ ئامېرىكا دۆلىتى ئىچىدە قوللىنىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان.[7]

## خەۋەرلەر ھەققىدە قىسقىچە ئانالىز

ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنىگىچە خىتاي بىلەن ئېلىشىشى ھەرگىزمۇ بەزىلەر ئويتتۇرىغا قويغاندەك بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي سىياسىتىگە قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىش ئەمەس، بەلكى بايدىن ھۆكۈمىتىگە، ئامېرىكا خەلقىگە ، جۈملىدىن دۇنياغا خىتاينىڭ ئامېرىكا ۋە ئەركىن دۇنياغا ھەقىقىي تەھدىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ۋە ترامپ ھۆكۈمەتىنىڭ خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى بىلەن ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى نامايان قىلىشى دەپ قاراش تېخىمۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىر تەرەپتىن ھەققەتەن بايدىن ئۈچۈن ئىشلارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتسىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ خىتاي ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا بېرىدىغان سىگنالىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇلارنى ھەرگىزمۇ بىر ھۆكۈمەت ۋە بىر قانچە سىياسەتچى شەخسى خىرىسلىرى ئۈچۈن قىلمايدۇ. ئەكسىچە بۇ مەۋجۇت بىر رېئاللىقنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر . ترامپ ھۆكۈمىتى خەلقئارادا بەك ياقتۇرۇلۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبچى بولدى. ئۇلارنى يامان دېگەنلەرمۇ بۇ

---

[7]Hamzah Rifaat Hussain, " Why hit and miss on Xinjiang by U.S. will be rebuffed",CGTN, 18.01.2021 https://news.cgtn.com/news/2021-01-18/-Why-hit-and-miss-on-Xinjiang-by-U-S-will-be-rebuffed-X970sV-d7Ec/index.html

ھۆكۈمەتنىڭ سەۋەبى بىلەن خىتاي تەھدىتىنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك تونۇپ يەتتى. ئەگەر يېقىن كەلگۈسىدە خىتايغا قارشى قۇتۇپلىشىش مۇساپىسىنى باشلانسا بۇ ئامىلنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ھېچبولمىسا تېزلەشتۈرگەن ئامىل دەل ترامپ ھۆكۈمىتى بولىدۇ. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەپتىدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى تور بېتىدە ۋىرۇسقا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى مۇھىم بايانات ئېلان قىلىشى مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا بايدىن ھۆكۈمىتىگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىر ۋەزىپىدۇر.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى تور بېتىدە ۋىرۇسنىڭ مەنبەسى ۋە ئامېرىكانىڭ بۇ ھەقتىكى مەيدانى  ھەققىدە ئېلان قىلىنغان باياناتى ئالدىمىزدا بۇ ھەقتە خىتاي ۋە ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا يەنە كۈچلۈك توقۇنۇشنىڭ بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ بايدىننىڭ بۇ ئىشقا قانداق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقى ۋە بۇنى قانچىلىك مۇھىم دەپ قارايدىغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. لېكىن، جۇمھۇرىيەتچىلەر ھۆكۈمەتنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بىلەن يەنىلا كۈچىنى ئىشلىتەلەيدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن، لېكىن ئاۋستىرالىيە ۋە كانادا قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ بۇ مەسىلىدە ترامپ ھۆكۈمىتىگە ئوخشاش قاراشتا، يەنى تەكشۈرۈش كېرەك دەپ قارايدۇ.  لېكىن خىتاي بۇ ئىشتا ئىنچىل قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ ، چىڭ تۇرغانلارنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن تەھدىت قىلىپ كەلمەكتە. ۋىرۇس بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتكەن دۇنيانىڭ ھازىر ھەققەتەن بۇ ھەقتە خىتاي بىلەن دەتالاش قىلىدىغانغا ۋاقتى يوق. ئەمما ۋىرۇس تەھدىتىنى يېڭىشكە باشلاۋاتقان بۇ يىل يەنە قاراپ تۇرامدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىش قىيىن. يەنە كېلىپ ، خىتاي خەلقئارالىق تەكشۈرگۈچىلەرنى قاچانغىچە ۋۇخەنگە كىرگۈزمەيدۇ؟ ھەققەتەن بۇ ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىدا خىتاينىڭ سەۋەنلىكى ياكى قەستەنلىكى بارمۇ؟ ئەگەر بار بولسا بۇ جەرياندا خىتاي تەرەپ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق ئۇچۇرنى يوق قىلىۋېتەلەمدۇ ؟ دۇنيادا ھەققەتەن بىر قانچە دۆلەتتىن باشقىلىرى بۇ ئىشنى بولدى

قىلىۋېتەمدۇ ؟ بۇنى 2021 ـ يىلىدا كۆرىمىز.

2021 ـ يىلىدا ئامېرىكاغا مۇناسىۋەتلىك بولغان توقۇنۇش رايونلىرىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا خىتاينىڭ شەرق تەرىپىدىكى چاۋشيەن، تەيۋەن ۋە جەنۇبىي دېڭىز ۋە غەرب تەرىپىدە بولسا ئافغانىستان قاتارلىق رايونلارنىڭ ھەممىسى ـ دەرىجىلىك توقۇنۇش رايونلىرى دەپ قارالغان بولۇپ، ئەگەر شۇنداق بولسا بۇ يىل ۋە ياكى كەلگۈسى بىر قانچە يىل ئىچىدە ئامېرىكا خىتاي توقۇنۇشىنىڭ مەركىزى شەرقتە تەيۋەن ۋە جەنۇبىي دېڭىز، غەرب تەرەپتە بولسا ئافغانىستان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئامېرىكا بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان دىنىي ۋە مىللىي زۇلۇمنى قاتتىق ئەيىبلەۋاتقان ۋە خەلقئارا سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىۋاتقان بولسا خىتاي بۇنىڭغا قارشى ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچى كۈچلۈك دۆلەتلەردىكى تەتقىقاتچى ئىسمىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى ئامېرىكانىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قارشى خىزمەت قىلدۇرماقتا. بۇ كىشىلەر كۆپىنچىسى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى كىشىلەر بولۇپ خىتاي بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمەسلىكى ئۈچۈن ئۇچۇر مەينەتچىلىكى پەيدا قىلماقتا. ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىشىنى خىتايغا قارشى سىياسىيلاشتۇرۇلغان ھەرىكەت دەپ كۆرسىتىشكە ۋە بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى خەلقئاراغا يالغان قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشماقتا. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئاكادېمىك ئەخلاق سەۋەبىدىن غەرب دۆلەتلىرىدىكى تەتقىقاتچىلار قارىسىغىلا خىتاينىڭ گېپىنى قىلىدىغان نەرسىلەرنى يازمايۋاتقانلىقىنى، لېكىن بۇ خىل ئەخلاق كەمچىل ۋە غەربكە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن قارشى بولغان دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنىڭ بۇلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئەسلىدە مەسىلىنى سىياسىيلاشتۇرغانلار غەرب دۆلەتلىرى ئەمەس بەلكى خىتاي ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە

ئالغان خىتاينىڭ ئىنتىپاقداشلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىش ئۇنچە قىيىن ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى ساتماقتا. بۇ بىزگە بىر دەرس بولۇشى ۋە سىياسەتنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ھېس تۇيغۇلارنى ئەمەس مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان ئاساستا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن بىر ئەينەك بولۇشى كېرەك.

## تەۋسىيە

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان زۇلۇمىنى خىتاينىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئاقلاپ ماقالە يېزىۋاتقان «تەتقىقاتچىلار» نىڭ يازمىلىرىغا قارىتا ئىنگلىز تىلىدا ماقالە يېزىپ ئېلان قىلىش، تىۋىتتېر فېيسبۇك قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئىسپاتلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئاساسسىز بايانلىرىنى پاش قىلىش لازىم.

## خىتاي- ياۋروپا مۇناسىۋەتلىرى
## (11.01.2021-17.01.2021 )
### نىجات تۇرغۇن

■ 1. ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى ياۋروپا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان كەڭ كۆلەملىك مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى توغرىسىدىكى ئەندىشىسىنى بىلدۈرمەكتە. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى ۋە بۇ كېلىشىمنىڭ ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە زىيان بېرىش ئېھتىماللىقى بولۇپ، ياۋروپا پارلامېنتىدىكى خىتاي ئىشلىرىغا مەسئۇل گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى Reinhard Bütikofer بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: خىتاينىڭ خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ مەجبۇرى ئەمگەك ئەھدىنامىسىنى ماقۇللاش ئۈچۈن «داۋاملىق ۋە سەجىل» تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ۋەدىسى بار، ياۋروپا پارلامېنتى كېلىشىمدە خىتاي تەرىپىدىن سەل قارالماي چوقۇم ئىجرا قىلىنىشقا تېگىشلىك زامانىۋى قۇللۇقنى چەكلەشكە ئائىت بىر ماددا بولۇشىنى تەلەپ قىلدۇق[8].

■ 2. ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي كەڭ كۆلەملىك مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن، ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى بەزى دۆلەتلەر گېرمانىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ بۇ كېلىشىمدىن ئەڭ كۆپ مەنپەئەتلىنىدىغانلىقىنى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا قارشى ئورتاق ھەرىكەت قىلىشىغا بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مەلۇم

[8]Thomas Colson." The EU could throw out its landmark trade deal with China over concerns about Beijing's human rights record".Businessinsider.17.01.21. .https://www.businessinsider.com/china-human-rights-european-parliament-concerns-over-eu-china-deal-2021-1?international=true&r=US&IR=T

بولۇشىچە خىتايدا گېرمانىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ شىركەتلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتايغا سالغان مەبلەغنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى گېرمانىيە ئىگەللەيدىكەن، فرانسىيە بولسا ئىككىنچى ئورۇندا ئىكەن. ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى كىملىكىنى ئاشكارىلىمىغان بىر دىپلوماتنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ كېلىشىمنى ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى بۇ ئىككى كۈچلۈك دۆلەتنىڭ باش بولۇپ ئىمزالىشى خىتايدا خاتا قاراش پەيدا قىلىدىكەن ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بىرلىك كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدىكەن، خىتاي بۇندىن كېيىن بىر ئىش ئۈستىدە كېلىشمەكچى بولسا، ياۋروپا ئىتتىپاقىنى ئەمەس، بەلكى بۇ ئىككى كۈچلۈك دۆلەتنىلا ئىزدەيدىغان بولىدىكەن.

ياۋروپادىكى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا سالىدىغان مەبلىغى ۋە خەلقئارالىق چوڭ شىركەتلىرى ئاز. بۇ كىچىك دۆلەتلەر ئۆز ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە خىزمەت پۇرسىتى يارىتىش سىياسىتىنى قوللايدىغان بولۇپ، گەرچە مەبلەغ سېلىش پۇرسىتى بولسىمۇ، بۇلارنىڭ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغىنى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ خىتاي بازىرىغا كىرىپ سېتىلىشى ئىكەن[9].

■ 3. ياۋروپا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كەڭ كۆلەملىك مەبلەغ سېلىش كېلىشىمنامىسى گەرچە ئىمزالانغان بولسىمۇ، خىتاي شەرقى تۈركىستان ۋە ھوڭكوڭدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەنچىلىكى ۋە قاتتىق قول باستۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ سەۋەبىدىن ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراۋاتىدۇ. يېقىندا 36 ئاممىۋى تەشكىلات بىرلەشمە خەت يېزىپ، بۇ كېلىشىمنىڭ خىتايغا ئىنسان ھەقلىرى دەپسەنچىلىكى ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي بىلەن

[9]Keegan Elmer. ''China-EU investment deal: smaller countries question whether France and Germany have their best interests at heart”. SouthChinaMorningPost. 16.01.21. https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3118009/china-eu-investment-deal-smaller-countries-question-whether

يېقىن ھەمكارلىق ئېلىپ بارالايدىغان بىر سىگنال بېرىدىغانلىقى، كېلىشىمگە ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدىكى ماددىلارنىڭ قېتىلىشى كېرەكلىكى ۋە خىتاي خەلقئارا پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى ۋە خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى مەجبۇرى ئەمگەك ئەھدىنامىسىنى تەستىقلىمىغۇچە ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ياۋروپا - خىتاي مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنى تەستىقلىماسلىقنى تەلەپ قىلغان. بەزى ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى بۇ كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ ھوڭكوڭدىكى باستۇرۇش سىياسىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن خىتاي شەرقى تۈركىستان، ھوڭكوڭ ۋە تىبەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى ئىسپاتلىمىسا، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بۇ كېلىشىمنى تەستىقلىمايدىغانلىقىنى ئېيتقان[10].

## مۇلاھىزە:

خىتاي بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن بۇ مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ئىككى تەرەپ رەھبەرلىرى تەرىپىدىن ئىمزالانغان بولسىمۇ، تەپسىلاتى تېخى ئېلان قىلىنمىدى. بۇ كېلىشىم بىر تەرەپتىن ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ تەنقىتلىشىگە، يەنە بىر تەرەپتىن ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچراۋاتىدۇ. بۇ كېلىشىم ياۋروپا ئىتتىپاقى سىستېما قۇرۇلمىسى ئىچىدىكى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق ھەرىكەت جەريانىدىكى ئۇلۇسال(مىللىي) مەنپەئەتلىرى ئارىسىدا پەيدا بولۇۋاتقان توقۇنۇشنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىتايغا قارىتا ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى رېئالىستىك ۋە پراگماتىك سىياسەت ئېلىپ بېرىشنى خالايدىغان سىياسى ئېقىم بىلەن لىبىرال سىياسەت ئېلىپ بېرىشنى خالايدىغان ئىككى سىياسى گۇرۇپپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش -

[10]Shannon Tiezzi.”China-EU Investment Deal Sparks Backlash Over Rights Concerns”.Thediplomat.13.01.21
https://thediplomat.com/2021/01/china-eu-investment-deal-sparks-backlash-over-rights-concerns/

تارتىش بولۇپ، لىبېرال قاراشتىكى سىياسىي گۇرۇپپىلار كېلىشىمنىڭ ياۋروپا ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇپلا قالماستىن، يەنە خىتايدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئارقىلىقمۇ پايدا ئېلىشنى كۈتمەكتە؛ رېئالىستىك قاراشتىكى سىياسىي ئېقىم نۆۋەتتە خىتاينى ياۋروپانىڭ «سىستېماتىك رەقىبى» دەپ تونۇيدىغان بولۇپ، خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى قوغدىغان ئاساستا ئېلىپ بېرىشنى ۋە ترانساتلانتىك مۇناسىۋەتلەرنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ، خىتايغا قارشى ئامېرىكا بىلەن بىرلىكتە بىر ئورتاق سىياسەت ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىمەكتە.

خىتاي ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى ھەم سىياسىي ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر غەلىبە بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىدۇ. بۇ كېلىشىمنى ئىمزالىغاندىن كېيىن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى ئافرىقا ۋە شەرقى جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلىپ، خىتاينىڭ خەلقئارادىكى تەسىر كۈچىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئامېرىكىدا يېڭىدىن خىزمەتكە ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇرىۋاتقان بايدىن ھۆكۈمىتى ئېلىپ بارماقچى بولغان سىياسەتكە قارشى بىر ۋەزىيەت ياراتماقتا.

كېلىشىمنىڭ ياۋروپا تەرەپتىن تەستىقلىنىش ئېھتىماللىقى تېخى نائېنىق بولۇپ، خىتاي ئۆزى بەرگەن ۋەدىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغۇچە ۋە بەزى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى توختىتىپ، ۋەزىيەتنى ياخشىلىمىغۇچە ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ كېلىشىم تەستىقلانغان تەقدىردىمۇ، نورمال ئىجرا قىلىنىشىغا خىتاينىڭ يېقىنقى بىر نەچچە ئايدىن بۇيان ئېلان قىلغان چەتئەل مەبلىغى توغرىسىدىكى قانۇن - تۈزۈملىرى ۋە بەزى مەۋجۇت قانۇنلارنىڭ توسالغۇ بولۇش ئېھتىماللىقى بار.

ئامېرىكا تەرەپمۇ بۇ كېلىشىمنىڭ تەستىقلانماسلىقى ئۈچۈن زوڭۇر تىرىشچانلىقلارنى ئىشلەپ بېرىشى مۇمكىن. خىزمەتكە ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان پرېزىدېنت بايدېن ترانساتلانتىك مۇناسىۋەتلەرنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ، بىرلىكتە ئورتاق خىتاي سىياسىتى بەلگىلەيدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى ياۋروپا ئىتتىپاقىنى خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا بىر پاسسىپ رول ئىلىشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن.

■ 4. ئۆزگۈندىن بۇيان پىلانلىنىپ كېلىۋاتقان خىتاي ۋە ياۋروپادىكى «17+1دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى» كېلەر ئاينىڭ بېشىدا ئېچىلماقچى ئىكەن. خىتاي شەرقى ۋە ئوتتۇرا ياۋروپادىكى 17 دۆلەت بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ياۋروپادا كېلىشىمدىن كېيىن ئورتاق بىر ئىجابىيلىقنى ساقلىماقچى ۋە بۇ ئارقىلىق سىگنال بەرمەكچى ئىكەن. 17 دۆلەتنىڭ بىرىدىن بولغان، ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان بىر دىپلوماتنىڭ بىلدۈرىشىچە، خىتاي ياۋروپا بىلەن مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنى ئىمزالاپ بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكىغا بۇ يىغىن ئارقىلىق خىتاينىڭ پۈتۈن ياۋروپا بىلەن ئالاقىسىنىڭ چىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى ئىكەن. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ياۋروپا دۆلەتلىرى ئامېرىكا بىلەن كۆپرەك ئالاقىلىشىشنى ۋە ھەمكارلىق ئىشلەپ بېرىشنى خالايدۇ، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا مۇھتاج بولۇپ، ئەگەردە ئامېرىكا بۇنداق قىلمىغاندا بۇ دۆلەتلەر خىتاينىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىشى مۇمكىن[11].

## مۇلاھىزە:

«17+1دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى» ئېچىشنىڭ تۇيۇقسىز قارار قىلىنىشى خىتاينىڭ بۇ يىغىنغا بولغان ئېھتىياجىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خىتاي بىر

[11]keegan Elmer and Jun Mai. ''China and European '17+1' nations 'revive summit plans, aiming for February' '' .South China Morning Post. 15.01.21 .https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3117799/china-and-european-171-nations-revive-summit-plans-aiming

تەرەپتىن ختاي ـ ياۋروپا مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىدە چەتتە قالغان بۇ دۆلەتلەرنى يىغىش ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەرنى كېلىشىمنىڭ تەستىقلىنىشىغا قايىل قىلماقچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكا تىرامپ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايوندا غەلىبىلىك ئېلىپ بارغان خۇاۋېيغا قارشى ھەرىكىتىنى ئاجىزلىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

## تەۋسىيەلەر:

شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ياۋروپا ـ ختاي مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنىڭ تەستىقلانماسلىقى ئۈچۈن ئىلمىي سىياسەت ئېلىپ بېرىش، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ياۋروپا پارلامېنتى ۋە ھەر قايسى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتىدىكى لوببىچىلىقنى كۈچەيتىش، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ كېلىشىم توغرىسىدا ھوقۇقلۇق، تىبەت ۋە باشقا ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىكتە تەلەپ خەتلىرىنى سىجىل يېزىپ تۇرۇش ئارقىلىق ھەر قايسى ئەزا دۆلەتلەر، ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتى ۋە پارلامېنتىغا بېسىم شەكىللەندۈرۈش لازىم.

## رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوكيانىيە دۆلەتلىرى ۋە خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر ھەپتىلىك خەۋەرلەر

(19.01.2021 — 12.01.2021)

**تەييارلىغۇچى: مەلىكەزادە**

■ 1. ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا گېرمانىيە، رۇسىيە ۋە خىتاينىڭ كورونا ۋىرۇسىغا قارشى ۋاكسىنىلىرى ئۈستىدە سىناق ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈركىيە ئاخىرى خىتاينىڭ Sinovac ۋاكسىنىسىنى تاللىدى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە ئۈچ مىليون ۋاكسىنىنى كىرگۈزۈپ، 14 - يانۋار كۈنى دۆلەت ئىچىدە ۋاكسىنا ئەملەش خىزمىتىنى باشلىدى. بۇ ۋەقە ھەققىدە رۇسىيەنىڭ ئاساسلىق ئاخبارات ئورگىنىنىڭ بىرى بولغان تاس (Tass) ئاگېنتلىقى خەۋەر بېرىپ، رۇسىيەنىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئالېكسېي يېرخوۋنىڭ تۈركىيە تىبابەت بىرلىكىگە خەت يازغانلىقىنى ۋە خېتىدە تۈركىيە تىببىي ساھەسىنىڭ دۇنيادا ئەڭ ئاۋۋالقى قاتاردا تىزىمغا ئالدۇرۇلغان، ئۈنۈمىنىڭ 90% تىن يۇقىرى ئىكەنلىكى دەلىللەنگەن ھەم 2-8 گرادۇسقىچە بولغان تېمپېراتۇرىدا ساقلىغىلى بولىدىغان رۇس ۋاكسىنىسى Sputnic V نى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقىغا ئەجەبلەنگەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى قەيت قىلدى[12]. دەرۋەقە، BBC نىڭ تۈركىيە خىتاي ۋاكسىنىسى ئەملەشنى باشلىغان شۇ كۈنى ئېلان قىلغان ماقالىسىدە دېيىلىشىچە، برازىلىيە تىببىي سىناق نەتىجىلىرى خىتاي ۋاكسىنىسى Sinovac نىڭ ئۈنۈملۈك نىسبىتىنىڭ پەقەت 50.4% ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان[13].

[12]“Russia surprised as Turkish doctors ignored Sputnik V vaccine in their review”, Business Insider, Jan 18, 2021 https://tass.com/society/1245807

[13]“Sinovac: Brazil results show Chinese vaccine 50.4% effective”, BBC, 14 Jan 2021 https://www.bbc.com/

## مۇلاھىزە

دۇنيانى ۋاكسىنا بىلەن تەمىنلەش مۇسابىقىسىدە، خىتاي ۋە رۇسىيەدىن ئىبارەت ھەر ئىككى دۆلەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەشكە تىرىشقان بولسىمۇ، ئاشكارىلانغان سىناق نەتىجىلىرى ۋە تېببىي سانلىق مەلۇماتلارنىڭ تۆرتكىسىدە، خىتاي ۋە رۇسىيە ۋاكسىنىلىرى خەلقئارادا تولۇق ئېتىراپ ۋە ماقۇللاشقا ئېرىشەلمىگەن ئىدى. رېئاللىق گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئامېرىكا ئىشلەپچىقارغانPfizer ۋە Moderna غا ئوخشاش ۋاكسىنىلار قىزىق بازاردا تالاش- تارتىشقا چۈشۈپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىقتىسادتا ئاجىز بولغان بىر قىسىم دۆلەتلەر ئۆچۈن خىتاي ۋە رۇسىيە ۋاكسىنىلىرى يەنىلا كونترول قىلىش تەس بولغان ۋىرۇس ۋەھىمىسى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان تۈرلۈك زىيانلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئاۋالقى تەدبىر بولۇپ قالدى.

يەنە بىر قىسىم دۆلەتلەر ئۆچۈن بولسا ۋاكسىنا مەسىلىسى ۋاكسىنا ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەت بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدىكى سىياسىي مەنپەئەتلىرىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدىغان ۋاستىگە ئايلىنىپ قالدى. بەزى ئوبزورچىلار ۋە مۇلاھىزىچىلەر «تۈركىيەنىڭ خىتاي ۋاكسىنىسىنى تاللاشتىكى مەقسىتى خىتايغا ياخشىچاق بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ قارىدى[14]. (خىتاي ئورگان تەرەپ ئاخباراتى «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى» بۇندىن بىر ئاي ئاۋاللا تۈركىيەنىڭ خىتاي ۋاكسىنىسىغا قىزىقىۋاتقانلىقى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش كۆرىشىدە خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ شىمالى ئاتلانتىك

---

news/world-latin-america-55642648

[14]Bill Bostock, “Turkey is accused of extraditing Uighur Muslims to China in exchange for COVID-19 vaccines”, Business Insider, Jan 16, 2021 https://www.businessinsider.in/politics/world/news/turkey-is-accused-of-extraditing-uighur-muslims-to-china-in-exchange-for-covid-19-vaccines/articleshow/80301182.cms

ئەھدى تەشكىلاتى ياكى ئامېرىكا سىياسەتلىرىگە بېقىنمايدىغان مۇستەقىل دىپلوماتىيىگە ئىگە دۆلەت ئىكەنلىكىنى  ئالاھىدە تەكىتلىگەنلىكىنى ئېلان قىلغانىدى[15].)

■ 2. ئامېرىكا خەلقئارالىق تەرەققىيات پۇل - مۇئامىلە ھەمكارلىقى (DFC) ئىجرائىيە ئەمەلدارى ئادام بوھلېر يېڭى يىلنىڭ تۇنجى ھەپتىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلىپ، ھەر قايسى دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ۋە ئامېرىكىنىڭ مەزكۇر رايون تەرەققىياتى ئۈچۈن مەبلەغ سالماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئىدى. شۇ قېتىمقى زىيارەتتە بوھلېر يېڭى «ئوتتۇرا ئاسىيا مەبلەغ سېلىش ھەمكارلىقى» تورىنى ئېلان قىلىپ، ئامېرىكا بىلەن قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان ئارىسىدا «چۈشىنىش كېلىشىمنامىسى» ئىمزالىدى. ئۇ يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىمۇ بۇ ھەمكارلىققا ئەزا بولۇشقا چاقىردى ۋە نۆۋەتتىكى ئۈچ دۆلەت ھەمكارلىقىنىڭ مەزكۇر تور ئارقىلىق كەلگۈسى بەش يىل ئىچىدە بىر مىليارد دوللارلىق مەبلەغ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى[16].

«ئوتتۇرا ئاسىيا مەبلەغ سېلىش ھەمكارلىقى» ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئالغان بىر چوڭ قەدىمى ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكا بۇ تور ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيانى دۇنياغا ۋە خەلقئارا تەرەققىيات سەۋىيىسىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش، بۇ رايوندىكى ھەر بىر دۆلەتنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈشكە ياردەم بېرىش مۇددىئاسىنى بايان قىلدى.

[15]Zhang Hui & Liu Xin, “Turkey shows ‘independent diplomacy’ by purchasing Chinese vaccine, opposing political counterterrorism”, Global Times, 15 Dec, 2020  https://www.globaltimes.cn/content/1210036.shtml

[16]“DFC, Uzbekistan, and Kazakhstan Announce Central Asia Investment Partnership to Bolster Investment in the Region”, DFC, Jan 7, 2012 https://www.dfc.gov/media/press-releases/dfc-uzbekistan-and-kazakhstan-announce-central-asia-investment-partnership

بۇنىڭغا جاۋابەن، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى تاشقى بىخەتەرلىك بۆلۈمى مەخسۇس خادىمى چېڭ گوپىڭ 13 ـ ۋە 14 ـ يانۋار كۈنلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قىرغىزىستاننىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى[17] ۋە قازاقىستان دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى مۇئاۋىن باش كاتىپى[18] بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ دۆلەتلەر ۋە خىتاي ئارىسىدىكى چېگرا ھالقىغان بىخەتەرلىك مەسىلىلىرى ھەمكارلىق ئەھدىنامىسىنى داۋاملىق ساقلايدىغانلىقى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى. ھەر ئىككى دۆلەت ۋەكىللىرى خىتاينىڭ يۇقۇم مەزگىلىدىكى ياردەملىرىدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولغانلىقىنى، ئارىدىكى دوستلۇقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، بىللە گۈللىنىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، بولۇپمۇ قىرغىزىستاننىڭ خىتاي بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تېرورلۇققا زەربە بېرىشتىكى پوزىتسىيەسى روشەن بولدى.

■ 3. ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالماسلىق، شۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ، ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەرنى خورلىشىنى چەكلەش تەدبىرىگە ئاۋاز قوشتى.

ئاۋستىرالىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەرىس پەين يەرلىك شىركەتلەرنى خىتايدىن مال كىرگۈزگەندە چوقۇم تەمىنلەش زەنجىرىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، ئىمپورت مەھسۇلاتلاردا شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن تەركىبلەرنىڭ ۋە خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇۋاتقان مەجبۇرى ئەمگەككە چېتىشلىق دېتاللارنىڭ بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى[19].

[17] “外交部涉外安全事务专员程国平会见吉尔吉斯斯坦驻华大使巴克特古洛娃” ，外交部， 2021年1月13日，https://www.fmprc.gov.cn/web/wjbxw_673019/t1846199.shtml
[18] “外交部涉外安全事务专员程国平同哈萨克斯坦安全会议第一副秘书沙伊胡特季诺夫举行中哈双跨机制牵头人视频会议” ，外交部，2021年1月15， https://www.fmprc.gov.cn/web/wjbxw_673019/t1846559.shtml
[19]Andrew Tillett, “Australian companies warned about doing business in China’s Xinjiang”, Financial Review, 16 Jan, 2021, https://www.afr.com/politics/federal/australian-companies-warned-about-doing-business-in-china-s-xinjiang-20210115-p56ubs

ختاي مىليونلىغان ئۇيغۇرنى جازا لاگېرلىرىغا قامال قىلىپ، پۈتكۈل دىياردىكى ئۇيغۇرلارنى ئەرزان ياكى ھەقسىز ئەمگەك كۈچىگە ئايلاندۇرۇۋالغان شارائىتتا، ئامېرىكا باشلىق «بەش كۆز دۆلىتى» نىڭ بۇ جىنايى قىلمىشقا تۇتقان پوزىتسىيەسى «ھەق- ناھەقنى ئېنىق ئايرىش» بولدى. مۇشۇ ئاپنىڭ بېشىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى شىركەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا چېتىشلىق ھەر قانداق ئىمپورتىنى توختىتىشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقارغان، ئامېرىكىمۇ ئېنىق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا ۋە پەمىدۇر مەھسۇلاتلىرى ئىمپورتىنىڭ چەكلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى. 2018 - يىلى خۇاۋېي G5 تورىنى ئاۋستىرالىيەگە كىرگۈزۈشنى رەت قىلىشتىن باشلاپ يامانلىشىشقا يۈزلەنگەن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى، ئاۋستىرالىيە باش مىنىستىرىنىڭ ئۆتكەن يىلى «ۋىرۇسنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش» نامىدىكى چاقىرىقى بىلەن تېخىمۇ بۇزۇلغان ئىدى. ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئەقەللىي ئىنسان ھەقلىرىگە يات بولغان «مەجبۇرى ئەمگەك» قىلمىشىغا زەربە بېرىشتىكى بۇ قېتىمقى ئوچۇق پوزىتسىيەسى ختاينى يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئەندىكتۈرىدىغىنى ئېنىق.

ئاۋستىرالىيە 2018 - يىلىلا «زامانىۋى قۇللۇقنى چەكلەش قانۇنى» نى يولغا قويغان، ھەر قانداق شەكىلدىكى زامانىۋى قۇللۇققا ئالاقىدار سودىغا چېتىلىپ قالغان شىركەتلەرنىڭ «ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىد قىلىش» نى ئىجرا قىلىۋاتقان بولسىمۇ، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاۋستىرالىيە شىركەتلىرىنى جازالىغىلى بولىدىغان كونكرېت جەرىمانىگە ئوخشاش مەزمۇنلار ئۆز ئىچىگە ئېلىنمىغان ئىدى. « قانۇننىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك قوزغىتىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ۋە كاناداغا ئوخشاش ئېنىق ئىقتىسادى جازا ماددىلىرى تۈزۈلۈشى كېرەكمۇ- يوق؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مەرىس پەين پىكىر بىلدۈرۈپ، «زامانىۋى قۇللۇقنى چەكلەش قانۇنى» نىڭ كېلەر يىلى قايتا قاراپ چىقىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

## مۇلاھىزە ۋە تەكلىپ

«زامانىۋى قۇللۇقنى چەكلەش قانۇنى» 2015 - يىلى ئەنگلىيەدىمۇ ماقۇللانغان، G20 ھەمكارلىقىمۇ 2018 - يىلى «خەلقئارالىق قۇللۇق كۆرسەتكۈچى (GSI)[20]» نى ئېلان قىلىپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنى ئىنسان ھەقلىرى پايخان قىلىنىپ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى ئېزىدىغان بۇ قىلمىشقا پائال زەربە بېرىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشكە چاقىرغان ئىدى. خىتاي تورلىرىدىكى ئۇچۇرلاردىن ئۆنۈملۈك پايدىلىنالايدىغان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلەر بۇنۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، دەۋانى مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىنىش ۋە زامانىۋى قۇللۇققا ئوخشاش تېخىمۇ ئىنچىكە ۋە سەزگۈر تېمىلارغىچە ئېلىپ بېرىشى، سانلىق مەلۇمات ۋە ھەقىقىي ئۇچۇرلار ئاساسىدا پاكىت توپلاپ، ئۇنى ئىنسان ھەقلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان دۆلەت ۋە ياكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا سۇنۇش ئارقىلىق خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەھشىي قىلمىشلىرىنى توسۇشقا ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى پۈتۈن كۈچى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايى قىلمىشلىرىدىن تېنىۋاتقان، مەجبۇرى ئەمگەككە قارشى خىتايغا جازا يۈرگۈزگەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە كانادانى «خىتاينىڭ تەرەققىياتىغا چىدىمىغان دۆلەتلەر ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىشتىن ئىبارەت بۇ ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ يالغانچىلىقنى قىلىۋاتىدۇ[21]» دەپ ئەيىبلەۋاتقان شارائىتتا، كۆپ قىرلىق بېسىم ۋە قارشىلىقلار خىتاينىڭ نومۇسسىزلىقىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى زۆرۈر تەدبىر ھېسابلىنىدۇ.

---

[20]Global Slavery Index, https://www.globalslaveryindex.org/2018/findings/importing-risk/g20-countries/
[21]Foreign Ministry Spokesperson Zhao Lijian’s Regular Press Conference on January 14, 2021, Ministry of Foreign Affairs of the PRC https://www.fmprc.gov.cn/mfa_eng/xwfw_665399/s2510_665401/t1846440.shtml

## خىتاي ئىچكى ۋەزىيىتى
## (17.01.2021 — 11.01.2021)
## مەمەتئېلى مەمەتئىمىن

■ توكلۇق ماشىنا ۋە خىتاي بازىرى

1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بەيدۇ (百度) شىركىتى خىتاينىڭ جىلى (吉利) گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىپ ئەقلىي ئىقتىدارلىق توكلۇق ماشىنا ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇنىڭ بىلەن بەيدۇنىڭ پايچېك باھاسى ئۆرلەشكە باشلىدى. بەيدۇ 2017 ـ يىلى ئاپوللو ئاپتوماتىك ھەيدەش بۆلۈمى قۇرغان. بۇ بۆلۈم ئاساسلىقى سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلەيدىغان بولۇپ ۋولكسۋاگېن، تويوتا، جىلى ۋە فورد ماشىنا شىركىتى قاتارلىق ماشىنا ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان ئىدى[22].

### مۇلاھىزە:

تېسلا (Tesla)نىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە دۇنيانىڭ يېشىل ئېنېرگىيەگە يۈزلىنىشى ئەقلىي ئىقتىدارلىق توكلۇق ماشىنا ساھەسىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. 2020 ـ يىلى خىتايدىكى ھەشەمەتلىك ماشىنا بازىرىنىڭ ئالدىنقى ئۈچى يەنىلا Audi، Mercedes ـ Benz، BMV قاتارلىق شىركەتلەر بولسىمۇ تېسلا، خىتاينىڭ Nio، BYD ۋە Li Auto شىركەتلىرى 2020 ـ يىلدا خىتايدا 147400،

[22]“China’s Baidu to create an intelligent EV company with automaker Geely”, Reuters, 11.01.2021, https://www.reuters.com/article/us-china-baidu-geely-automobile/chinas-baidu-to-create-an-intelligent-ev-company-with-automaker-geely-idUSKBN29G01V

130970 44000، 32000 توكلۇق ماشىنا ساتتى. بۇنىڭدىن باشقا ياۋروپادىكى ئاپتوموبىل گىگانتلىرىمۇ توكلۇق ماشىنا ئىشلەن چىقىرىش قەدىمىنى تېزلەتتى ۋە ختاي بازىرىنى ئېچىش پىلانلىرى تۈزۈۋاتىدۇ [23]. يەنى ختاي توكلۇق ماشىنا بازىرى بارغانسېرى چوڭىيىۋاتىدۇ. ختاينىڭ Nio، Li Auto قاتارلىق شىركەتلىرىدىن باشقا ئەلى بابا گۇرۇھىمۇ ختايدىكى ئەڭ چوڭ ئاپتوموبىل شىركىتى بولغان 上汽集团 SAIC Motor بىلەن ھەمكارلىشىپ توكلۇق ماشىنا ئىشلەپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. ھازىر بەيدۇنىڭ قېتىلىشى بىلەن ختايدىكى توكلۇق ماشىنا رىقابىتى كۈچىيىشكە باشلىدى.دۇنيانىڭ مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولغان ئېھتىياجى ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ توكلۇق ئاپتوموبىلغا يۈزلىنىشى ختايدىكى يېڭى قۇرۇلغان ۋە قۇرۇلماقچى بولغان توكلۇق ئاپتوموبىل شىركەتلىرى بىلەن ياۋروپا شىركەتلىرىنىڭ ختاي بازىرى رىقابىتىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. ھەتتا بۇ يېڭى ساھەدىكى رىقابەتتە ياۋروپادىكى ئەنئەنىۋى ئاپتوموبىل شىركەتلىرى ختاي بازىرىدىكى پايدىسىنىڭ چوڭ قىسمىنى ختاي شىركەتلىرىگە تارتقۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن.

■ ختاي CPTTP نىڭ ختايچە نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ختاي تىجارەت مىنىستىرلىكى CPTTP(Comprehensive and Progressive Agreement for Trans_Pacific Partnership)نىڭ ختايچە نۇسخىسنى ئېلان قىلدى[24]. CPTTP بولسا، ئامېرىكىنىڭ TPP(Trans_Pacific Partnership) دىن چېكىنىپ چىقىشى بىلەن ياپونىيە، كانادا،ئاۋستىرالىيە قاتارلىق 11 دۆلەت 2018 ـ يىلى ئىمزالىغان كېلىشىم ئىدى[25].

[23]<特斯拉、蔚来等造车新势力正改写豪华车市场格局>、 新浪财政、2021年01月17日、 https://finance.sina.com.cn/stock/relnews/us/2021-01-17/doc-ikftssan7492784.shtml
[24]<《全面与进步跨太平洋伙伴关系协定》（CPTPP）中英对照文本>中华人民共和国商务部、2021年01月11日、 http://www.mofcom.gov.cn/article/jiguanzx/202101/20210103030014.shtml
[25]Tim McDonald, “Asia-Pacific trade deal signed by 11 nations”,BBC, 08.03.2018, https://www.bbc.com/news/business-43326314

## مۇلاھىزە:

2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى (APEC) تەشكىلاتىنىڭ 27 ـ قېتىملىق رەسمىي بولمىغان يىغىنىدا CPTTP غا ئەزا بولۇش ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى[26]. ئۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن تەھلىلچىلەر بۇ گەپنىڭ بەك ئەستايىدىل بولمىغانلىقىنى، بەك كۆپ ئانالىز قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئەمما خىتاي RCEP كە قېتىلدى ۋە ياۋروپا بىلەن بولغان مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىدىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈردى. ئەمدى CPTTP نىڭ خىتايچە نۇسخىسىنى ئېلان قىلىشى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

خىتاي، ئامېرىكىنى يالغۇز قويۇش، يېڭى تىجارەت كېلىشىملىرىدە تەسىر كۈچىنى چوڭايتىش ۋە بۇ تەشكىلاتلاردا خىتاي باشچىلىقىدىكى يېڭى بەلگىلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، بۇ ئارقىلىق ئامېرىكا باش بولۇپ قۇرۇپ چىققان دۇنيا سىستېمىسىغا پاراللېل سىستېما قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.خىتاي ۋىرۇسىدىن تۆپەيلى دۇنيا ئىقتىسادى زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ئەكسىچە خىتاي ئىقتىسادى 2020 ـ يىلىدا ئېششىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكىدا،خىتاي ۋىرۇسى، پىرېزىدېنتلىق سايلىمى ۋە ئاخىرىدا يۈز بەرگەن بەزى كرىزىسلەر خىتايغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەمما ،ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرى خىتاينى تونۇشقا ۋە قارشى تەدبىر ئېلىشقا باشلىدى. بايدىن ھۆكۈمىتى، ئامېرىكانىڭ ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداشلىرىغا تېخىمۇ

[26]<习近平在亚太经合组织第二十七次领导人非正式会议上的讲话（全文）>、新华网、 2020年11月20日、 http://www.xinhuanet.com/politics/leaders/2020-11/20/c_1126767392.htm

ئەھمىيەت بېرىشى، ئامېرىكا چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن ياكى رەت قىلغان بەزى تەشكىلاتلارغا قايتىپ كىرىشى ۋە ئامېرىكانىڭ يۇمشاق كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچىشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا خىتاينىڭ پىلانلىرى ئەمەلگە ئاشماسلىقى مۇمكىن.

■ خىتاينىڭ «يېڭى خوڭكوڭى » خەينەن

جەنۇبى خىتاي ئەتىگەنلىك پوچتىسى (South China Morning Post) نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا دۆلەتلىك جەنۇبىي خىتاي دېڭىز تەتقىقات ئورنىنىڭ ئاقىللار ئامبىرىنىڭ مەسئۇلى ۋۇ شىسۈن (吴世存) مۇنداق دېدى: خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى ياكى كەلگۈسى بەش يىللىق پىلانىغا (دۆلەت تەرەققىيات پىلانى) دېڭىزدىن ھالقىغان قانال تۈرىنى قوشۇش ، قۇرۇلۇش ۋە مەبلەغ تەييارلىقىنى تېزلىتىش كېرەك. ئۇنىڭ 2033 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ياسىلىشىنى پىلانلاش كېرەك . ئۇ ئۆزىنىڭ ئاقىللار ئامبىرى ئوتتۇرىغا قويغان تونېلىنىڭ خەينەنگە بارىدىغان سەپەر ۋاقتىنى تەخمىنەن 10 مىنۇتقا قىسقارتالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. نۆۋەتتە ، بۇ سەپەر دېڭىزدا ياكى ھاۋادا نەچچە سائەت ۋاقىت كېتىدىكەن[27].

## مۇلاھىزە:

ئۆتكەن يىلى 6 ـ ئايدا خىتاي «خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پىلانى»نى ئېلان قىلغان ئىدى[28]. پىلاندا ھازىردىن باشلاپ 2025 ـ يىلغىچە ، ئاساسلىق ۋەزىپە ئاساس سېلىش ۋە تەييارلىق قىلىش. بۇ باسقۇچنىڭ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى سودا ۋە مەبلەغنى ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە

[27]Rachel Zhang, "'South China Sea strategic benefit' if Beijing builds tunnel to holiday island Hainan", South China Morning Post, 16.01.2021, https://www.scmp.com/news/china/politics/article/3117960/south-china-sea-strategic-benefit-if-beijing-builds-tunnel

[28]<中共中央 国务院印发《海南自由贸易港建设总体方案》>、 新华网、 2020年06月01日、http://www.xinhuanet.com/politics/zywj/2020-06/01/c_1126061034.htm

قولايلاشتۇرۇشنى گەۋدىلەندۈرۈش. ئىككىنچى باسقۇچ، 2035 ـ يىلدىن بۇرۇن، ئاساسلىقى ئەركىن سودا پورت سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش. بۇ باسقۇچنىڭ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى ئېچىۋېتىش سىياسىتى ۋە ئالاقىدار تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى تېخىمۇ ئەلالاشتۇرۇش ۋە ياخشىلاش.

خىتاي خوڭكوڭدىكى تۈزۈمنى خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن بىردەك قىلىش، ئۇ يەردە «دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى» يولغا قويۇپ خىتاي كومپارتىيەسىگە كېلىدىغان ھەرقانداق «تەھدىت»نى توسۇش قەدەملىرى خوڭكوڭنىڭ ئەركىن سودا رايونى، ئاسىيانىڭ پۇل مۇئامىلە مەركىزى ئورنىغا ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كەلگەن ئىدى. خىتاي بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ياكى زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن، تېخىمۇ مۇھىمى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ دۇنيا تىجارىتىدىكى ئورنىنىڭ يۈكسىلىشى، خەينەننى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا ئېچىلغان ئىشىك قىلىش مەقسىتىدە بۇ پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇشى مۇمكىن. گەرچە خىتاي ئەمەلدارلار خەينەن پىلانىنىڭ خوڭكوڭغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى،ئىككى رايوننىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى، ئىككى رايون ئوتتۇرىسىدا رىقابەتتىن زىيادە بىر بىرىنى تولۇقلاش ئاساس ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ[29]، خەينەننى، خوڭكوڭنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئاساسى مەقسەت ئىكەنلىك ئېھتىمالى يۇقىرى. يەنى بۇنىڭدىن كىيىن خىتاي ئۈچۈن خوڭكوڭ «ۋاز كېچىلمەس» ئەمەس. ئەمما خىتايدىكى بارغانسېرى چىڭىۋاتقان ئىچكى تاشقى سىياسەت، خەينەن بىلەن خوڭكوڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈزۈلمە،ئىنسانلارنىڭ ساپاسى، پۇل-مۇئامىلە تورى پەرقى قاتارلىق ئامىللارنى ئويلىغان چېغىمىزدا بۇنى قىلىش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس دېيىشكە بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى خوڭكوڭنىڭ ئاسىيانىڭ پۇل- مۇئامىلە مەركىزى بولۇشىدا

[29]<发改委：海南自贸港与香港定位不同 互补大于竞争>、 新华网、 2020年06月08日、 http://www.xinhuanet.com/fortune/2020-06/08/c_1126087157.htm

ئەنگلىيەنىڭ پىلانلىرىنىڭ، دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ مۇھىم رولى بار. خىتايدا ئەڭ كەم بولغان نەرسە دەل مۇشۇ. خەينەننى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ئەركىن سودا رايونى قىلىپ قۇرۇشتا خىتاينىڭ سىياسىي تۈزۈمى ئەڭ چوڭ دۈشمەن دېيىشكە بولىدۇ.

## بۇ ھەپتە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە

## (17.01.2021 — 13.01.2021)

**نىجات مەمەت**

■ خىتاي كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئىئانە-ھەدىيە پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرغان[30].

خىتاي مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 2021-يىلى 13-يانۋار خىتاي كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتىنىڭ چاغاندا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، ئىئانە-ھەدىيە قىلىش مۇراسىمى خوتەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن.

بۇ قېتىمقى ئىئانە-ھەدىيە پائالىيىتىدە، خىتاي كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى، كىتابخۇمار خىتاي مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتى، چىنرېن ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق فوندى، خىتاي غەربىي قىسىم تەرەققىيات فوندى، خىتاي مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش فوندى ۋە ئالاقىدار مېھىر-شەپقەت كارخانىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا 100 رەقەملىك كۇتۇپخانا، 1000 ماھۇق چاپان، 500 تاختا كومپيۇتېر، 2 مىليون ماسكا، 5 مىليون يۈەن نەق پۇل ئىئانە-ھەدىيە قىلغان. بۇ ياردەملەر خەلقنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا يېڭى

[30]شىنجاڭ گېزىتى، جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى شىنجاڭدا ئىئانە-ھەدىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 14-01-2021 http://uy.ts.cn/system/2021/01/14/036555095.shtml

دەۋر مەدەنىيىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش پونكىتى قۇرۇشنى قوللاش، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىش پائالىيەتلىرىگە ئىشلىتىلىدىكەن.

## مۇلاھىزە:

خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالغاندىن تارتىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان باستۇرۇش سىياسىتىنى، كىشىلىك هوقۇقنى دەپسەندە قىلىش قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇپ، يوشۇرالمىغان ۋاقىتلاردا كۆز بوياپ كېلىۋاتقان ئىدى. 2016 - يىلى خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ <مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ۋە ئەمىنلىكى> ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى <رادىكاللىق، ئاشقۇنلۇق> ئىدىيەلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش باھانىسى بىلەن جازا لاگېرىدا <يوشۇرۇن هالدا كەسىپ ۋە قانۇن> ئۆگىتىشكە باشلىغان ئىدى[31]. چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ۋە خەلقئارادىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ <كەسىپ ۋە قانۇن> ئۆگىتىشنىڭ ئەپتى بەشىرىسى ئېچىلغان ئىدى. ھەتتا خىتاينىڭ لاگېرغا مۇناسىۋەتلىك 400 بەتكە يېقىن ماتېرىيالى ئاشكارىلانغان ئىدى[32]. شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي لاگېرىدىن قۇتۇلۇپ چىققان شاھىتلار گۇۋاھلىق بەرگەن[33]، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە گۇۋاھلىق بېرىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق لاگېر ھەقىقەتلىرى بايان قىلىنغان، دۇنيادىكى دۆلەت ۋە تەشكىلاتلارغا مۇراجىئەت سۇنۇلۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىقىغا قارشى چىقىشقا چاقىرىق قىلىنغان ئىدى. خەلقئارادىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە قارشى دۆلەتلەر ۋە

[31]国新网、新疆的反恐、去极端化斗争与人权保障、 2019-03-18 http://www.scio.gov.cn/ztk/dtzt/39912/40016/40018/Document/1649859/1649859.htm

[32]The New York Times, THE XINJIANG PAPERS'Absolutely No Mercy': Leaked Files Expose How China Organized Mass Detentions of Muslims, BY AUSTIN RAMZY AND CHRIS BUCKLEY, NOVEMBER 16, 2019. https://www.nytimes.com/interactive/2019/11/16/world/asia/china-xinjiang-documents.html?action=click&module=Top%20Stories&pgtype=Homepage

[33]The Telegraph. Retrieved, 'I begged them to kill me', Uighur woman describes torture to US politicians, Yan, Sophia (28 November 2018) https://www.telegraph.co.uk/news/2018/11/28/begged-kill-uighur-woman-describes-torture-us-politicians/

شەخسلەر خىتاي بىلەن بولغان سودا ۋە كېلىشىملىرىنى بىكار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان باستۇرۇش سىياسىتى ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن 2019 - يىلى خەلقئارادا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئەڭ ئېغىر دۆلەتلەردىن بىرى بولۇپ باھالانغان ئىدى[34].

ئەمدىلىكتە بولسا خىتاي خەلقئارادا يوقىتىپ قويۇۋاتقان تەسىرىنى قايتا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستاندا كىشىلىك ھوقۇقنى <قوغدايدىغان> ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن <ياردەم> بېرىدىغان قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماقتا.

■ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى ئېلان قىلغان[35].

ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى 2020 - يىلى 12 - ئايدا بېيجىڭنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ 432 مەسىلىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان، 467 كىشىگە تەنقىد - تەربىيە بېرىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 293 مەسىلە شەكىلۋازلىق ۋە بيۇروكراتلىقتا، 139 مەسىلە راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىككە چېتىشلىق بولۇپ، 361 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزام جازاسى، مەمۇرىي جازا بېرىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك بىر كىشى، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك 12 كىشى، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك 348 كىشى بار ئىكەن.

[34]Freedom House, Freedom in the World 2019 Map. https://web.archive.org/web/20190507093847/https://freedomhouse.org/report/freedom-world/freedom-world-2019/map

[35]شىنجاڭ گېزىتى، ئۈرۈمچى رايون مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. 16 - 01 - 2021
http://uy.ts.cn/system/2021/01/16/036556126.shtml

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان 432 مەسىلىدىن قارىغاندا، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالماي، قىلىدىغاننى قىلماي، قالايمىقان ئىش قىلىپ، ساختا ئىش قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىغان مەسىلە 272 بولۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 92.83%نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 40.29%، 23.02%، 7.91%نى ئىگىلىگەن.

2020 ـ يىلى پۈتۈن ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى رايونى بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىدىن جەمئىي 7023ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 7676 كىشىگە تەنقىد-تەربىيە، ياردەم بېرىلگەن ۋە بىر تەرەپ قىلىنغان، 4571 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بېرىلگەن.

■ خىتاي خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىسىملىكىنى ئېلان قىلغان[36].

يەن گوفاڭ، ئەنۋەر جاپپار، نۇرشات جۇمەباي، جېلىل ناسىر قاتارلىقلار سىياسىي كېڭەش ئۈرۈمچى رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى ئەزاسى، دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن.

[36]شىنجاڭ گېزىتى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ـ12 نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىسىملىكى، 15 ـ 01 ـ 2021
http://uy.ts.cn/system/2021/01/15/036555860.shtml

پېڭ جىيارۋي، سەرىك قابىكەن، تۇرسۇن روزى، ۋاڭ لىشيا، جۇ شىنشياڭ، توختى ئەخمەت، ۋاڭ يەنلوۋ، جاڭ خۇڭيەن، ياڭ يىبو، ياۋلەن، ياۋ چياڭ، جوۋ شۆيۇڭ، لى شۆدۇڭ، شۆ جىخەي، پەرھات جالال، شياۋ ۋېنجياۋ، جاڭ جۆنپىڭ، ۋاڭ شىيەن، سۇڭ يۆشيا قاتارلىقلار سىياسىي كېڭەش ئۈرۈمچى رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلانغان.

شيۇڭ شۇمىن ئۈرۈمچى رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن؛

كۈرەش قاۋۇل ئۈرۈمچى رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مىللەت ۋە دىن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان؛

ئەرشىدىن مەمەت ئۈرۈمچى رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مائارىپ ـ پەن ـ سەھىيە ـ تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، مەدەنىيەت ـ تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئۆگىنىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان؛

غەيرەت ئابدۇرېھىم ئۈرۈمچى رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان؛

ساۋ شىنخۇا ئۈرۈمچى رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان؛

شياۋ پېيئەن ئۈرۈمچى رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان؛

سۇ گوپىڭ ئۈرۈمچى رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان؛

ۋاڭ چاڭلىن ئۈرۈمچى رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مائارىپ ـ پەن ـ سەھىيە ـ تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان؛

يۈ خەيمىڭ ئۈرۈمچى رايونلۇق سىياسىي كېڭەش نوپۇس ـ بايلىق ـ مۇھىت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان؛

شۆھرەت مەمەتنىياز ئۈرۈمچى رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مەدەنىيەت - تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە ئۆگىنىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان؛

جۇ پېيخۇەن ئۈرۈمچى رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان؛

گاۋ جيەنجۈن ئۈرۈمچى رايونلۇق سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان؛

ۋاڭ جۈن ئۈرۈمچى رايونلۇق سىياسىي كېڭەش خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان؛

تۇرغان پىدا ئۈرۈمچى رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مىللەت ۋە دىن كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان.

## مۇلاھىزە:

خىتاي 2016 - يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشنى باشلىغاندىن بۇيان، خىتاي ۋە كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەمىلىدىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقنى باستۇرۇش قىلمىشى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان ئىدى. خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا كۆزگە كۆرۈنگەن مۇنەۋۋەر، خەلقپەرۋەر بايلار ۋە كارخانىچىلارنى يوقىلاڭ باھانە- سەۋەبلەر بىلەن تۇتقۇن قىلىپ مال- مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان ئىدى. خىتاي ئەمەلدارلار بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، بايلار ۋە كارخانىچىلاردىن پارا ئېلىپ جازادىن<قۇتۇلدۇرۇپ> قويۇشقا <ۋەدە> بېرىپ يانچۇقىنى توملاشقا باشلىغان، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئوتتۇراھال ئىقتىسادىي سەۋىيىگە ئىگە شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆي بىساتىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ <14 ـ بەش يىل>لىق پىلانىغا، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا خىزمەت يىغىنى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىغا ماسلىشىپ،شەرقىي تۈركىستاننى سىياسىي كېڭەشنىڭ ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىشنى تېزلەشتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىشنىڭ تۈنجى قەدەملىرىنى باسماقتا.

ختاي 2016 ـ يىلىدىن 2020 ـ يىلىغىچە <ختاي كومپارتىيىسىنىڭ توغرا سىياسەت ۋە تەدبىرلىرى بىلەن ئىدارە قىلىپ شەرقىي تۈركىستاندا تېرورلۇق ۋەقەسىنىڭ ئالدىنى ئالغان، شەرقىي تۈركىستاندا مۇقىم تەرەققىيات يارىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك ياراتقان ئىدى.[37]>

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ختاي 2016 ـ يىلىدىن 2020 ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تىلى، دىنى[38] ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن چەكلەپ، ھەتتا يوقىتىشقا قاراپ ماڭغان[39] ئىدى. بۇ بەش يىل ئىچىدە جازا لاگېرىغا قامىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى مىليونلاردىن ئاشقان. <ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەش> باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلارنى ئەرزان ئەمگەك كۈچى ئورنىدا يۇرتلىرىدىن ئايرىۋەتكەن[40].

---

[37]中国政府网、政府工作报告、2020-05-22 https://www.xinjiang.gov.cn/xinjiang/xjyw/202005/314ad-3b850c64354a579fe5cd4da92e6.shtml

[38]Uyghur Human Rights Project, 被玷污的圣权： 中国对维吾尔宗教自由的铁血镇压 一份维吾尔人权项目报告, 2013 年 3 月 · 美国华盛顿. https://docs.uhrp.org/Sacred-Right-Defiled-chinese.pdf

[39]Uyghur Human Rights Project | July 2020, "The Happiest Muslims in the World" Disinformation, Propaganda, and the Uyghur Crisis https://docs.uhrp.org/pdf/Disinformation_Propganda_and_the_Uyghur_Crisis.pdf

[40]Adrian Zenz, Coercive Labor in Xinjiang: Labor Transfer and the Mobilization of Ethnic Minorities to Pick Cotton https://cgpolicy.org/briefs/coercive-labor-in-xinjiang-labor-transfer-and-the-mobilization-of-ethnic-minorities-to-pick-cotton/